# «شاڭخەي روھى»نى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ چىڭ تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلايلى

## —— شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 20 ـ قېتىملىق يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

(2020 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، بېيجىڭ)

**جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ**

**ھۆرمەتلىك زۇڭتۇڭ پۇتىن،**
**ھۆرمەتلىك ھەرقايسى خىزمەتداشلار:**

زۇڭتۇڭ پۇتىن ۋە نۆۋەتچى رەئىس دۆلەت بولغان رۇسىيە تەرەپنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنغا كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىق قىلغانلىقىغا رەھمەت. رۇسىيە تەرەپ رەئىس دۆلەتلىك مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلىشىغا تۈرتكە بولدى. جۇڭگو تەرەپ بۇنىڭغا يۈكسەك باھا بېرىدۇ.

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاجايىپ تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ۋاقىت سىنىقىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ياۋروپا ـ ئاسىيا رايونى ۋە خەلقئارا ئىشلاردىكى مۇھىم ئىجابىي كۈچكە ئايلاندى. ئەزا دۆلەتلەر «شاڭخەي روھى»غا ئەمەل قىلىپ، سىياسىي، ئىقتىساد، خەۋپسىزلىك، ئادىمىيەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئادىل، ھەققانىي بولغان، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئۈلگىسىنى تىكلىدى. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن كېيىن، ھەرقايسى تەرەپلەر جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ مۇقىم تەرەققىياتى ۋە خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىغا ئاكتىپ كۈچ قوشتى.

ھەرقايسى خىزمەتداشلار!

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەڭشىلىشىنى تېزلەتتى، دۇنيا داۋالغۇش، ئۆزگىرىش مەزگىلىگە كىردى. خەلقئارا جەمئىيەت كۆپ تەرەپچىلىك بىلەن يەككە تەرەپچىلىك، ئېچىۋېتىش بىلەن بېكىنمىچىلىك، ھەمكارلىق بىلەن قارشىلىشىشنىڭ مۇھىم، زور سىنىقىنى باشتىن كەچۈرمەكتە. «دۇنياغا نېمە بولدى، بىز قانداق قىلىمىز» دېگەن سوئال دەۋرنىڭ سوئالىغا ئايلاندى.

«ۋەزىيەتنى كۆزىتەلىگەنلەر دانا، ۋەزىيەتكە ماسلىشالىغانلار ئاقىل.» ئىنسانلار ئوخشاش بىر يەر شارى كەنتىدە ياشايدۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەر مەنپەئەت جەھەتتە مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش، تەقدىرى چىڭ باغلانغان. ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى تېخىمۇ كۈچەيدى، تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىشتىن ئىبارەت دەۋر ئېقىمىنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ. تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدى ھەم داۋاملىق ئىسپاتلايدۇكى، ئىناق قوشنىدارچىلىق، دوستلۇق مۇقەررەر قوشنىسىغا ئورا كولاشنى بېسىپ چۈشىدۇ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقى مۇقەررەر نۆل نەتىجىلىك كۈچ سىنىشىشنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ، كۆپ تەرەپچىلىك مۇقەررەر يەككە تەرەپچىلىك ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ.

ھازىرقى ۋەزىيەتتە، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى «شاڭخەي روھى»نى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي ئىزدىنىشى كېرەك.

بىرىنچى، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، سەھىيە ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش كېرەك. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يەنىلا سىجىل يامراۋاتىدۇ. ۋىرۇس دۆلەت ئايرىمايدۇ، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئەڭ كۈچلۈك قورال، ھاياتلىقنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇش ھازىرقى جىددىي ئىش.

بىز ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، بىر ـ بىرىمىزنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تىرىشچانلىقىنى قوللاپ، رايون ۋە يەر شارىۋى ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى قوغدىشىمىز كېرەك. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ ئاچقۇچلۇق رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قوللاپ، يۇقۇمنى سىياسىيلاشتۇرۇش، ۋىرۇسنى بەلگىلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ، «سىياسىي ۋىرۇس»نى ئورتاق توسۇشىمىز كېرەك. بۇ تەشكىلاتنىڭ سەھىيە ساھەسىدىكى ھەمكارلىق مېخانىزمىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، يۇقۇمنى كۆزىتىپ ئۆلچەش، پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. جۇڭگو تەرەپ ئەزا دۆلەتلەرنىڭ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىدە قىزىق لىنىيە ئالاقىسى تەسىس قىلىپ، چېگرا ھالقىغان يۇقۇملۇق كېسەللىك ئۇچۇرلىرىنى ۋاقتىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەنئەنىۋى تېبابەت يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا ئۆزگىچە قىممىتى ۋە مۇھىم رولىنى نامايان قىلدى. بىز بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەنئەنىۋى تېبابەت مۇنبىرىنى داۋاملىق ياخشى ئۆتكۈزۈپ، ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. ۋاكسىنا ئىنسانلارنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم. جۇڭگو تەرەپ «يەر شارىۋى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ۋاكسىنىسىنى يولغا قويۇش پىلانى»غا قاتناشتى، بۇ تەشكىلاتقا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ۋاكسىنا ئېھتىياجىنى پائال ئويلىشىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ خەلقىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغدىشىنى قوللاشنى خالايدۇ.

ئىككىنچى، خەۋپسىزلىك ۋە مۇقىملىقنى قوغداپ، خەۋپسىزلىك ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش كېرەك. خەۋپسىزلىك ۋە مۇقىملىق دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك. بىز ئورتاق، ئۇنىۋېرسال، ھەمكارلاشقان، ئىمكانىيەتلىك سىجىل خەۋپسىزلىك قارىشىغا ئەمەل قىلىپ، تۈرلۈك تەھدىت ۋە خىرىسلارغا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇپ، ياخشى رايون خەۋپسىزلىكى مۇھىتى يارىتىشىمىز كېرەك.

بىز ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ مۇھىم، زور دۆلەت ئىچى سىياسىي قارارلىرىنى قانۇن بويىچە تەكشى، مۇقىم ئالغا سىلجىتىشىنى قەتئىي قوللىشىمىز، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي بىخەتەرلىكى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغدىشىنى قەتئىي قوللىشىمىز، تاشقى كۈچلەرنىڭ ھەرقانداق باھانە بىلەن ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ئىشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، زىددىيەت ۋە ئىختىلاپلارنى سۆزلىشىش ۋە كېڭىشىش ئارقىلىق پەسەيتىش ۋە تۈگىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ تەرەققىيات سىياسىي ئاساسىنى مۇستەھكەملىشىمىز كېرەك. «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ يۇقۇمدىن پايدىلىنىپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىدىن قاتتىق ساقلىنىشىمىز، زەھەرنىڭ يامراش يۈزلىنىشىنى توسۇشىمىز، ئەسەبىيلىك ئىدىيىسىنىڭ ئالاقە تورى ئارقىلىق تارقىلىشىغا زەربە بېرىشىمىز، ئەزا دۆلەتلەرنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش، خەۋپسىزلىك جەھەتتىكى ھەمكارلىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. بىيو بىخەتەرلىك، سانلىق مەلۇمات بىخەتەرلىكى، سىرتقى ھاۋا بوشلۇقى بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئالاقىلىشىش ۋە سۆزلىشىشنى پائال قانات يايدۇرۇشىمىز كېرەك. جۇڭگو تەرەپنىڭ «يەر شارىۋى سانلىق مەلۇمات بىخەتەرلىكى تەشەببۇسى»نى ئوتتۇرىغا قويۇشىدىكى مەقسىتى تىنچ، بىخەتەر، ئېچىۋېتىلگەن، ھەمكارلاشقان، تەرتىپلىك تور بوشلۇقىنى ئورتاق بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ قاتنىشىشىنى قارشى ئالىمىز. ئافغانىستان ۋەزىيىتى رايوننىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك، «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى —— ئافغانىستان ئالاقە گۇرۇپپىسى» سۈپىتىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئافغانىستاننىڭ تىنچ قايتا قۇرۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەرەققىيات ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش كېرەك. كۆپچىلىك بىرلىكتە تەرەققىي قىلساق ھەقىقىي تەرەققىيات بولىدۇ، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتلا ياخشى تەرەققىيات ھېسابلىنىدۇ. بىز ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەممەھرە تەرەققىيات ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي ھەمكارلىق بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، ئىقتىسادنىڭ قايتا جانلىنىشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا كۈچ قوشۇشىمىز كېرەك.

بىز «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسىنى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ھەم ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىقتىساد ئىتتىپاقى قاتارلىق رايون ھەمكارلىقى تەشەببۇسلىرى بىلەن چوڭقۇر ئۇدۇللاشتۇرۇشقا سىجىل تۈرتكە بولۇپ، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرى، قىممەت زەنجىرىنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، رايون ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. خادىملارنىڭ بېرىش ـ كېلىشىدىكى «تېز يول» ۋە يۈك تىرانسپورتىكى «يېشىل يول» ئارقىلىق ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تېزلىتىشىمىز كېرەك. ھەرقايسى دۆلەت كارخانىلىرى ئۈچۈن ئوچۇق، ئادىل، كەمسىتىش بولمىغان تىجارەت ـ سودا مۇھىتى يارىتىپ، ئۆزئارا مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشىمىز كېرەك. يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسىپ ئۆزگىرىشى پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، رەقەملىك ئىقتىساد، ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، ئاقىل شەھەر قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. جۇڭگو تەرەپ كېلەر يىلى جۇڭگودا جۇڭگو ـ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى رەقەملىك ئىقتىساد كەسىپلەر مۇنبىرى ئۆتكۈزۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ھەمكارلىق شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىشنى قانات يايدۇرۇشىغا سۇپا ھازىرلاپ بېرىدۇ. ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىنى ئورتاق يولغا قويىدۇ. جۇڭگو تەرەپ بۇ تەشكىلاتنىڭ نامراتلار سانىنى ئازايتىش بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىشنى قوللايدۇ، ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن نامراتلار سانىنى ئازايتىشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەردىن تەڭ بەھرىلىنىشنى خالايدۇ.

تۆتىنچى، خەلق رىشتىسىنى تۇتاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئادىمىيەت ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش كېرەك. مەدەنىيلىك ئىلغار ـ ناچار دەپ ئايرىلمايدۇ، پەقەت خاسلىق پەرقى بار. بىز مەدەنىيلىك جەھەتتە ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىناق قوشنىدارچىلىقى، دوستلۇقنى كۈچەيتىپ، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتىنىڭ خەلق رايى ئاساسىنى پۇختىلىشىمىز كېرەك.

بىز تۈرلۈك تارقىتىش ۋاستىلىرىدىن پائال پايدىلىنىپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ ھەمكارلىق ئىدىيىسىنى كىشىلەر قەلبىگە تېخىمۇ چوڭقۇر سىڭدۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ تەشكىلاتنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، ساياھەت، تەنتەربىيە، تاراتقۇ، ئاياللار قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالاقىلىشىشى ۋە ھەمكارلىشىشنى قوللاپ، ھەر تەرەپلىمە، چوڭقۇر قاتلاملىق، كۆپ خىل يوللۇق ھەمكارلىق رامكىسىنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك. جۇڭگو تەرەپ كېلەر يىلى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئەللىرى دوستلۇق مۇنبىرى ئۆتكۈزۈپ، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ياشلار ئالماشتۇرۇش لاگېرى پائالىيىتىنى داۋاملىق ياخشى ئۆتكۈزۈپ، كەلگۈسى ئۈچ يىلدا ھەرقايسى تەرەپلەرنى 600 كىشىلىك ياشلار ئالاقىسى سانى بىلەن تەمىنلەپ، بىر ـ بىرىنى چۈشىنىدىغان ۋە يېقىن ئۆتىدىغان ياش ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرىدۇ.

بىز دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە بۇ تەشكىلاتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، خىزمەت ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، جانلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، ئالاقىدار مېخانىزملارنىڭ ئۈنۈملۈك يۈرۈشۈشىنى ساقلىشىمىز كېرەك. كاتىبات باشقارمىسى ۋە رايون تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئاپپاراتلىرى ماسلاشتۇرۇش رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشى، ئەزا دۆلەتلەرمۇ دائىمىي ئاپپاراتلارنىڭ خىزمىتىنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

ھەرقايسى خىزمەتداشلار!

75 يىل ئىلگىرى، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتكەن. بىز تارىختىن ئۆرنەك قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق كۆپ تەرەپچىلىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، خەلقئارا تەرتىپنى قوغدىشىمىز كېرەك. ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، يەر شارىۋى ئىشلارنى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ بېجىرىش، ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى كۆپچىلىك قول تۇتۇشۇپ قۇرۇش، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ھەرقايسى دۆلەت خەلقى ئورتاق بەھرىلىنىشنى تەشەببۇس قىلىشىمىز كېرەك.

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى تورىنى كېڭەيتىپ، كۆزەتكۈچى دۆلەتلەر، سۆھبەت ھەمراھلىرى ھەمدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، خەلقئارا ۋە رايون ئىشلىرىدا تېخىمۇ ئاكتىپ رولنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇزاققىچە تىنچ، ئومۇميۈزلۈك بىخەتەر، ئورتاق گۈللەنگەن، ئېچىۋېتىشچان، سىغدۇرۇشچان، پاكىز، گۈزەل دۇنيا قۇرۇشقا كۈچ چىقىرىشى كېرەك.

ھەرقايسى خىزمەتداشلار!

جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى دۇنيادىن ئايرىلالمايدۇ، دۇنيانىڭ گۈللىنىشىمۇ جۇڭگوغا موھتاج. جۇڭگو دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈشنى تېزلىتىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىۋاتىدۇ. جۇڭگو ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيىسى قەتئىي تەۋرەنمەي يولغا قويۇپ، دۇنيادىن تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى قوبۇل قىلىدۇ، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ئارقىلىق دۇنياغا تېخىمۇ ياخشى مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ جۇڭگونىڭ تەرەققىيات يېڭى پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، جۇڭگو بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى پائال چوڭقۇرلاشتۇرۇشىنى قارشى ئالىمىز.

جۇڭگو تەرەپ زۇڭتۇڭ راخمانىنىڭ باشلىقلار كېڭىشىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتكۈزۈۋالغانلىقىنى تەبرىكلەيدۇ، تاجىكىستان تەرەپنىڭ رەئىس دۆلەتلىك خىزمىتىنى پائال قوللايدۇ. كېلەر يىلى بۇ تەشكىلات قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىق كاتتا مەرىكىسىنى كۈتۈۋالىدۇ. بىز «شاڭخەي روھى» بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سەممىمىي ھەمكارلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ چىڭ تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلايلى!

كۆپچىلىككە رەھمەت.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىككىنچى، خەۋپسىزلىك ۋە مۇقىملىقنى قوغداپ، خەۋپسىزلىك ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش كېرەك. ئورتاق، ئۇنىۋېرسال، ھەمكارلاشقان، ئىمكانىيەتلىك سىجىل خەۋپسىزلىك قارىشىغا ئەمەل قىلىپ، تۈرلۈك تەھدىت ۋە خىرىسلارغا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇش كېرەك. ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ مۇھىم، زور دۆلەت ئىچى سىياسىي قارارلىرىنى قانۇن بويىچە تەكشى، مۇقىم ئالغا سىلجىتىشىنى قەتئىي قوللىشىمىز، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي خەۋپسىزلىكى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغدىشىنى قەتئىي قوللىشىمىز، تاشقى كۈچلەرنىڭ ھەرقانداق باھانە بىلەن ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. زىددىيەت ۋە ئىختىلاپلارنى سۆزلىشىش ۋە كېڭىشىش ئارقىلىق پەسەيتىش ۋە تۈگىتىشتە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ يۇقۇمدىن پايدىلىنىپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىدىن قاتتىق ساقلىنىشىمىز، ئەزا دۆلەتلەرنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش خەۋپسىزلىكى جەھەتتىكى ھەمكارلىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ جۇڭگو تەرەپ چىقارغان «يەر شارىۋى سانلىق مەلۇمات خەۋپسىزلىكى تەشەببۇسى»غا قاتنىشىشىنى قارشى ئالىمىز.

ئۈچىنچى، ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەرەققىيات ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش كېرەك. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسىنى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ھەم ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىقتىساد ئىتتىپاقى قاتارلىق رايون ھەمكارلىقى تەشەببۇسلىرى بىلەن چوڭقۇر ئۇدۇللاشتۇرۇپ، رايون ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تېزلىتىشكە داۋاملىق تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. ئۆزئارا مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، رەقەملىك ئىقتىساد، ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، ئاقىل شەھەر قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. جۇڭگو تەرەپ كېلەر يىلى جۇڭگودا جۇڭگو ـ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى رەقەملىك ئىقتىساد كەسىپلەر مۇنبىرى ئۆتكۈزىدۇ. تېخىمۇ كۆپ خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىنى ئورتاق يولغا قويىدۇ. جۇڭگو تەرەپ بۇ تەشكىلاتنىڭ نامراتلار سانىنى ئازايتىش بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىشنى قوللايدۇ.

تۆتىنچى، خەلق رىشتىسىنى تۇتاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئادىمىيەت ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش كېرەك. مەدەنىيلىك جەھەتتە ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مائارىپ، مەدەنىيەت، ساياھەت، تەنتەربىيە، تاراتقۇ، ئاياللار قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالاقىلىشىش، ھەمكارلىشىشنى قوللىشىمىز كېرەك. جۇڭگو تەرەپ كېلەر يىلى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئەللىرى دوستلۇق مۇنبىرى ئۆتكۈزىدۇ، كەلگۈسى ئۈچ يىلدا ھەرقايسى تەرەپلەرنى 600 كىشىلىك ياشلار ئالاقىسى سانى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بىز ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق كۆپ تەرەپچىلىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، خەلقئارا تەرتىپنى قوغدىشىمىز كېرەك. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى تورىنى كېڭەيتىپ، خەلقئارا ۋە رايون ئىشلىرىدا تېخىمۇ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈشنى تېزلىتىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىۋاتىدۇ. جۇڭگو قەتئىي تەۋرەنمەي ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويىدۇ. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ جۇڭگونىڭ تەرەققىيات يېڭى پۇرسىتىنى ئىگىلەپ، جۇڭگو بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى پائال چوڭقۇرلاشتۇرۇشىنى قارشى ئالىمىز.

شى جىنپىڭ ئاخىرىدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كېلەر يىلى بۇ تەشكىلات قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىق كاتتا مەرىكىسىنى كۈتۈۋالىدۇ. بىز «شاڭخەي روھى» بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سەممىمىي ھەمكارلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ چىڭ تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلايلى!

يىغىنغا قاتناشقان چەت ئەل تەرەپ رەھبەرلىرى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئىجابىي باھا بېرىپ مۇنداق بىلدۈردى: ھازىر خەلقئارا ۋەزىيەتتە تۈرلۈك خىرىس ۋە تەھدىت كۆپىيىۋاتىدۇ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يەر شارىۋى سىياسەغا، ئىقتىسادقا، جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئېغىر سەلبىي تەسىر پەيدا قىلدى. ھەرقايسى دۆلەتلەر كۈچلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تاقابىل تۇرۇشى، يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇشى، يۇقۇمنى باھانە قىلىپ باشقا دۆلەتلەرنىڭ نامىغا داغ تەگكۈزۈشكە قارشى تۇرۇشى كېرەك. كۆپ تەرەپچىلىكتە چىڭ تۇرۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسى ۋە خەلقئارا قانۇننى ئاساس قىلغان خەلقئارا تەرتىپنى قوغداپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان، قائىدىنى ئاساس قىلغان كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قوغداپ، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئۆزئارا ئىشىنىدىغان، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، باراۋەر بولغان، كېڭىشىدىغان، كۆپ خىل مەدەنىيلىككە ھۆرمەت قىلىدىغان، ئورتاق تەرەققىياتنى كۆزلەيدىغان «شاڭخەي روھى»دا چىڭ تۇرۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا تاللىغان يولىغا ھۆرمەت قىلىپ، تاشقى كۈچلەرنىڭ ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇش كېرەك. سودا، سېلىنما، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، قاتناش، ئېنېرگىيە، يېڭىلىق يارىتىش، رەقەملىك ئىقتىساد قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، نامراتلىقنى تۈگىتىش كېرەك. ئادىمىيەت ئالاقىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنى ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىقتىساد ئىتتىپاقى قۇرۇلۇشى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشنى قوللاش كېرەك. ھەمكارلىشىپ «ئۈچ خىل كۈچ»كە زەربە بېرىپ، سانلىق مەلۇمات بىخەتەرلىكى، بىيو بىخەتەرلىكنى قوغداپ، تالاش ـ تارتىشلارنى سۆزلىشىش، كېڭىشىش ئارقىلىق تىنچ ھەل قىلىشقا كۈچەپ، بۇ رايوننىڭ خەۋپسىزلىكى، مۇقىملىقى ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى قوغداش كېرەك.

يىغىندا تاجىكىستاننىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ نۆۋەتچى رەئىس دۆلەتلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشى قارار قىلىندى.

يىغىندا «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ موسكۋا خىتابنامىسى» ھەمدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقى، خەلقئارا ئۇچۇر بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، رەقەملىك ئىقتىساد ساھەسىدىكى ھەمكارلىق، ئالاقە تورى قاتارلىق يوللاردىن پايدىلىنىپ تېررورىزم، بۆلگۈنچىلىك ۋە ئەسەبىيلىك ئىدىيىسىنى تارقىتىشقا زەربە بېرىش، زەھەرنىڭ تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇش قاتارلىقلار توغرىسىدىكى بىر قاتار باياناتلار ماقۇللاندى ھەم ئېلان قىلىندى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.